# نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا يىمەك ھازىر بولۇپ قالسا، ئەۋۋەل يىمەك يەڭلار

ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەنەس ئىبنى مالىكتىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا يىمەك ھازىر بولۇپ قالسا، ئەۋۋال يىمەك يەڭلار
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنىڭ جىمى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان]

نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا يىمەك-ئىچمەك تەييار بولغان بولسا، يىمەكلىككە ھاجەت بولغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا بولغان ئىشتىھاسىنى بېسىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يىمەك-ئىچمەككە ئېغىز تېگىپ زېھنىنى يىمەكلىككە چاچماستىن نامازغا يۈزلىنىشى كېرەك. بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كەڭرىچىلىك، ئاسانلىق بىلەن نەپسىنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3066